ھەرنچى تۈزلگى كتابلرى

دۇنيا ئىلىم - پەن ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر

# بىز نېمە ئۈچۈن كېسەل بولىمىز

## — داروين مېدىتسىناسىدىكى يېڭى ئىلىم - پەن

M. R نېسي C. G ۋىللىيامس [ ئامېرىكا ]



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

بىرىنچى تۈرتكە كىتابلىرى

دۇنيا ئىلىم-پەن ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر

# بىز نېمە ئۈچۈن كېسەل بولىمىز

— دارۋىن مېدىتسىناسىدىكى يېڭى ئىلىم-پەن


M. R نېسي C. G ۋىللىيامىس [ ئامېرىكا ]

تەرجىمە قىلغۇچىلار: مىجىت باۋۇدۇن
مۇرات پەرسا
ئابدۇسەمەت ئابدۇللېتىپ



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

我们为什么生病：达尔文医学的新科学/（美）尼斯，（美）威谦斯著；禹宽平汉译；米吉提·包吾东，木拉提·帕尔萨维译. —乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2005.8
（世界科学名著精选）
ISBN 7—5372—3976—2

Ⅰ.我… Ⅱ.①尼…②威…③禹…④米…⑤木…
Ⅲ.进化学说—应用—病因学—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.R363.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 099414 号

译文编辑：塔依尔江·居玛洪
责任编辑：买买提江·马合木提
责任校对：玛丽彦木·纳曼
出版策划：艾尔肯·伊不拉音·飞达

* * *

新疆人民卫生出版社出版
（乌鲁木齐市龙泉街 66 号　邮编 830001）
乌鲁木齐嘉华印务有限责任公司印刷
新疆新华书店发行
850×1168 毫米　32 开本　14 印张
2005 年 8 月第 1 版 2005 年 8 月第 1 次印刷

* * *

总定价(上下)：33.00 元

بۇ كىتاب خۇنەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ 2005 - يىل 5 - ئايدىكى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى.
本书根据湖南科学技术出版社 2005 年 5 月版本翻译出版。

تەرجىمە تەھرىرى: تاھىرجان جۇمەخۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتجان مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: مەرىيەمگۇل نامان
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

# دۇنيا ئىلىم - پەن ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر
# بىز نېمىشقا كېسەل بولىمىز

ئاپتورى: M. R. نېسسې C. G. ۋىلليامس
مىجىت باۋۇدۇن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: مۇرات پەرسا
ئابدۇسەمەت ئابدۇللېتىپ

* * *

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى جياخۇا چەكلىك باسما مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 م م، 32 فورمات؛ 14 باسما تاۋاق
2005 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - بېسىلىشى

* * *

ISBN 7—5372—3976—2
ئومۇمىي باھاسى (ئىككى قىسىم): 33.00 يۈەن

# ئومۇمىي كىرىش سۆز

ئىلىم - پەننىڭ، بولۇپمۇ تەبىئىي پەننىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى ئىلىم - پەننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ تۈنجى تۈرتكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىم - پەنگە بولغان بۇنداق ئىنتىلىش روھىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى بىر خىل ئەڭ ئاساسىي تۈرتكە بولۇپ قالدى.

ئىلىم - پەن ھەمىشە ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى يېڭى ھادىسىلەرنى بايقاش ۋە چۈشىنىش، يېڭى قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىگىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەقىقەت ئۈستىدە بوشاشماي ئىزدىنىدۇ. ئىلىم - پەن ئەستايىدىللىقنى، ئىنچىكىلىكنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىم - پەن يەنە يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىدۇ. گۇمان ئىلىم - پەندىكى ئەڭ ئاساسىي پوزىتسىيىلەرنىڭ بىرى، تەنقىد بولسا ئىلىم - پەندىكى ئەڭ ئاساسىي روھلارنىڭ بىرى.

ئىلىم - پەن پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن پائالىيەتلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. باشقا جەھەتلەردە چېكىنىش بولغان چاغلاردىمۇ ئىلىم - پەن گەرچە ئاستا ھەم مۇشەققەتلىك ھالدا بولسىمۇ ھامان ئالغا ئىلگىرىلەپ باردى، بۇ تەبىئىي پەن پائالىيەتلىرىدە ئىنسانىيەتنى ئەڭ ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ئامىل-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook

لارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئىلىم ـ پەننى دەل مۇشۇ مەنىدىن ئىنسانىيەتنى ئالغا ئىلـ. گىرىلىتىدىغان «بىرىنچى تۈرتكە» دېيىشكە بولىدۇ.
ئىلىم ـ پەن تەربىيىسى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان مۇھىم ئامىل، شۇنداقلا هازىرقى زامان مائارىپىنىڭ بىر يادروسى. ئىلىم ـ پەن تەربىيە. سى كىشىلەرنى تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە ئېهتىياجلىق بولغان بىلىم ۋە ماهارەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇهىمى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي روھ، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلىتىدۇ ۋە يېتىلدۈرىدۇ، ئىنسانلارنى تۇغما قابىلىيەت دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ئەقىل ـ پاراسەتكە، تۇغما بولمىغان ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تۇغما قابىلىيەتنى بىرلەشتۈرە. لەيدىغان روهقا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى «تەربىيە» بولمايدىكەن، ئېتىقادنى يېتىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەقىقىي مائارىپ دېگىلى بولماي. دۇ. ھەقىقىي ئىلىم ـ پەن تەربىيىسى كۆرمىگەن كىشىنى پەقەت مەشىقلەندۈرۈلگەن دېيىشكىلا بولىدۇ، لېكىن تەربىيە كۆرگەن دېگىلى بولمايدۇ.
ئىلىم ـ پەننى دەل مۇشۇ مەنىدىن كىشىنى ئالغا باستۇرۇپ زامانىۋى ئادەمگە ئايلاندۇرىدىغان «بىرىنچى تۈرتكە» دېيىشكە بولىدۇ.
يېقىنقى 100 يىلدىن بېرى، سانسىزلىغان غايىلىك ۋە ئە. قىللىق كىشىلەر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى باي قىلىش ۋە جۇڭگوغا قايتا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىشتە پەن ـ تېخنىكىدىن ئايرىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار نادانلىقتىن ۋە بىلىمسىزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى پېش. ۋالار ئېلىمىز خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش چۈشىنى

رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىگە ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئەمما شۇنداق دېمەي بولمايدۇكى، بۇ نىشان تېخى ئىشقا ئاشمىدى. بۈگۈنكى جۇڭگو ئىلىم - پەن جەھەتتە يېڭى ئاقارتىشقا، زامانىۋى ئىلىم - پەن تەربىيىسىگە موھتاج. پەقەت پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئىلىم - پەن جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى ساپا ھازىرلاپ، ئىلمىي روھ ۋە ئىدىيە، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلنى تۇرلۇك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئورتاق ئاساسى ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلالىغاندىلا، جەمئىيەت ئاندىن تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭمۇ ئىلىم - پەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقى شەك - شۈبھىسىز.

ئىلىم - پەننى دەل مۇشۇ مەنىدىن جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۆرتكە دەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمما، بۇ ئىلمىي روھنىڭمۇ ئوخشاشلا ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدىغانلىقى ۋە قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. گەرچە ئىلىم - پەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھە ۋە قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەن، قىممىتى ۋە ئورنى تېخىمۇ ئۆسكەن بولسىمۇ، بىراق شۇنى يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، مۇئەييەن دائىرىدە ياكى مەلۇم خاس ۋاقىتتا، كىشىلەر «ئىلىم - پەننىڭ كارغا كېلىدىغانلىقى» نى ئېتىراپ قىلسىمۇ، پەقەت ئىلىم - پەن كەلتۈرگەن ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا توختاپ قالىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئىلىم - پەننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى، ئىلمىي روھنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە ئېتىراپ قىلغانلىق ئەمەس. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن «بىرىنچى تۈرتكە» ئىكەنلىكى ئىلمىي روھنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئىلىم - پەن پائالىيىتى پرىنسىپ جەھەتتىن ئىلاھىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، كۇڭزى تەلىماتى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلمايدۇ، ئىلىم - پەن پائالىيىتى پرىنسىپ جەھەتتىن ھەرقانداق بىر پەلسەپە ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلمايدۇ. ئىلىم - پەن دىن ئايرىمىسى، مىللەت ئايرىمىسى، پارتىيە - گۇرۇھ ئايرىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. مەدەنىيەتنىڭ رايون ئايرىمىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن، ئىلىم - پەن ئۇنىۋېرسال، مۇستەقىل بولۇپ، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا.

خۇنەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتى ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي روھقا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تاللاپ، ئالاقىدار ئالىملارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىپ تارقاتتى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىلمىي روھ، ئىلمىي ئىدىيىنى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن روھى ۋە ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئىلمىي روھنى تەشەببۇس قىلىش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇمىي خەلقنى ئىلىم - پەن جەھەتتىن يېڭىدىن ئاقارتىش ۋە ئىلىم - پەن جەھەتتىن تەربىيىلەش رولىنى ئويناپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا ئازراق بولسىمۇ تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارغا «بىرىنچى تۈرتكە» دەپ نام قويۇلدى، بۇ ھەرگىزمۇ ھەربىر كىتاب تۇنجى تۈرتكە دېگەنلىك ئەمەس. بىراق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھەربىر كىتابقا مۇجەسسەملەنگەن ئىلىم - پەنگە ئائىت مەزمۇن، نۇقتىئىنەزەر، ئىدىيە ۋە روھ سىزنى بىرىنچى تۈرتكىگە ئازدۇر - كۆپتۇر يېقىنلاشتۇرىدۇ، قانداق قىلىپ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇشنى ئازدۇر - كۆپتۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

**«بىرىنچى تۈرتكە» مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتى**

# كىرىش سۆز

1985 ـ يىلى بىر قېتىملىق يىغىندا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدا، ئورتاق قىزىقىدىغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. كېيىن مۇشۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقان بەزى ئالىملار بىرلىكتە ئىنسانلارنىڭ قىلىقى ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇردۇق.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بولغان نېس مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ روھىي كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشاتتى. ئۇ تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنىڭ ھايۋانلارنىڭ قىلىقى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلاردا قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك ئىلگىرىلەشلىرىگە ئالاھىدە قىزىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلىقىنى تەتقىق قىلىش لايىھىسى» بىلەن ئالاقىلەشقانىدى. بۇ تەتقىقات تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كەسىپداشلار ئۇنىڭ قېرىشنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەھەتتىكى سەۋەبىگە قىزىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا بىئولوگىيە ئالىمى گېيورگى ۋىلىيامىسنىڭ 1957 ـ يىلىدىكى بىر ماقالىسىنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ماقالىدە قېرىشنىڭ سەۋەبى تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولىدۇ. ئۇ تەشۋىشلىنىش ياكى نېرۋا كېسەللىك ئالامەتلىرىگە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان چۈشەنچە بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا ئۇ تەدرىجىي تەرەققىيات بىئولوگىيە ئالىملىرى، بولۇپمۇ ۋىلىيامىس ۋە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىكى بالنتسا ۋراچلىرى ۋە پروفېسسورلار بىلەن بولغان مۇزاكىرىدە كېسەللىكنى

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزىتىش، چۈشىنىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئەمەلىيەتتە قوللىنىش قىممىتى بارلىقىنى بايقايدۇ.

يەنە بىر ئاپتورى بولغان ۋىلىيامسنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى دېڭىز ـ ئوكيان ئېكولوگىيىسىنى ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش. ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنى مېدىتسىنا تەتقىقاتىدا قوللىنىشقا قىزىقىشى پائۇل ئېۋالد (Paul Ewald) نىڭ 1980 ـ يىلى «نەزەرىيە بىئولوگىيىسى ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغان «تەدرىجىي تەرەققىيات بىئولوگىيىسى بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە بەدەن ئالامەتلىرىنى داۋالاش» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن پەيدا بولغان. ئېۋالد ئۆز ماقالىسىدە تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسى يۇقۇملىنىش جەريانىدىكى مەسىلىلەردە ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، نۇرغۇن مېدىتسىنا مەسىلىلىرىدىمۇ ئەھمىيەتلىك دەپ كۆرسەتكەن. ۋىلىيامسنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات گېنېتىكىسى جەھەتتىكى ئىجادىيەتلىرى گېنېتىكىدىكى نۇرغۇن پرىنسىپ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ قېرىش جەريانىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى جەھەتتىكى تەتقىقاتى تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتىنى قېرىش مېدىتسىنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئاساس سېلىپ بەرگەندى.

بىز تەدرىجىي تەرەققىيات بىئولوگىيىسىنىڭ مېدىتسىنانىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكە بولۇشى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايمىز، بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىسىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تارقىتىش كېرەك، دەپ ئويلايمىز. بىز ئويلىغانلىرىمىزنى ۋە بەزى كۆرۈنەرلىك مىساللارنى ئېلان قىلىپ، قۇم چېچىپ مەرۋايىت يىغىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، باشقا جەھەتلەردىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپچىلىك بىلەن ئورتاق ئىزدىنىپ، ئورتاق ئېنىقلىماقچى بولدۇق. بىز 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «بىئولوگىيە پەسىللىك ژۇرنىلى» دا «دارۋىن مېدىتسىناسىنىڭ تاڭ نۇرى» دېگەن ماقالىمىزنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن مېدىتسىنا ساھەسىدىكىلەر، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيە ئالىملىرى ۋە نەشرىياتچى كەسپداش-

لىرىمىزنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشتۇق. بىز شۇ ماقالىنىڭ ھەجمىنى كېڭەي-
تىپ بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ
دىققىتىنى قوزغاشنى ئويلىدۇق.

بارلىق جانلىقلارنىڭ فۇنكسىيىلىرىنىڭ لايىھىلىنىشىنى چارلىز دار-
ۋىننىڭ تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسى بىلەن چۈشەندۈرۈش مەزكۇر كىتا-
بىمىزغا باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىدۇر. ئىزدىنىدىغان نۇقتا
تەبىئىي تاللىنىشتا تاللانغان ماسلىشىشچانلىق ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت.
يەنى كېسەللىك مەنبەئى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ماسلىشىشچانلىق ئۆز-
گىرىشى، كېسەللىك مەنبەئىنىڭ بىزنىڭ ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن
ماسلىشىشچانلىق ئۆزگىرىشى، بىزنىڭ ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇ-
رۇش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىمىزدە كۆرۈلگەن ماسلاشماسلىق، ئورگا-
نىزمىمىزنىڭ لايىھىلىنىشى بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى مۇھىت ئارىسىدىكى
ماسلاشماسلىق قاتارلىقلار. مەزكۇر كىتابنى يېزىش جەريانىدا دارۋىن تەلى-
ماتىنىڭ مېدىتسىنا تەرەققىياتىغا ھەقىقەتەن ياردىمى بولىدىغانلىقىنى ئىز-
چىل بايقىدۇق. دارۋىن مېدىتسىناسىنىڭ پارچە - پۇرات چۈشەنچىلەر
ئەمەس، بەلكى تامامەن يېڭى بىر ساھە ئىكەنلىكىنى، بارغانسېرى تېز
سۈرئەتتە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈ-
رۈۋاتقانلىقىنى تەدرىجىي چۈشەندۇق. ئەمما شۇنى تەكىتلەش كېرەككى،
دارۋىن مېدىتسىناسى تېخى گۆدەكلىك دەۋرىدە تۇرماقتا، ئۇنى مېدىتسىنا
ساھەسىدە تېخى نوپۇزلۇق يەكۈن دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، كلىنىكا
ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ھازىر تەدرىجىي تەرەققى-
يات ئىدىيىسى مېدىتسىنا ساھەسىدە سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ،
ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكىنى قانداق قىلىپ ئاسراشقا، كېسەل داۋالاشقا
بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇشقا تېخى بولمايدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق
بىلەن دارۋىن مېدىتسىناسىنى نەزەرىيە جەھەتتىكىلا نەرسە دېيىشكە بولماي-
دۇ. ئەسلا ئۇنداق ئەمەس! بىزنىڭ كېسەللىكنىڭ تارىخىي مەنبەئى بار
دەپ شەرھلىشىمىز ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىلاشنى زور دەرىجىدە
ياخشىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە، مەبلەغ ۋە



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook

ۋاقىت سەرپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كىتابىمىزنىڭ كىشىلەرگە كېسەللىك ئۈستىدە باشقا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى، كېسەللىكنىڭ تارىخىي مەنبەئى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىراق دوختۇرلارغا سوئال قويۇپ، ئۇلار بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە نەسىھەتلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا شەرھلىگەن بايانلاردىن كېيىن، شۇنى قايتا تەكىتلەيمىزكى، مەزكۇر كىتاب هازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ياكى داۋالاش ئەمەلىيەتلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ماسلىشىشچانلىق ئۆزگىرىشىگە ئائىت مەسىلىلەرنى تارىخىي مەنبە ھەمدە نۆۋەتتىكى فىزىكا ۋە خىمىيە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك كېسەللىك سەۋەبلىرى بىلەن بىرلىكتە ئويلاشسا تېخىمۇ نەتىجىلىك بولىدۇ. بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز، ئۇنى هازىرقى زامان داۋالاش ئەمەلىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئەمەس، بەلكى بىر قەدەر مۇكەممەللىشىپ بولغان ئىلمىي سىستېمىغا كىشىلەر بۇرۇن سەل قاراپ كەلگەن بەزى يېڭى نەرسىلەرنى قوشۇمچە قىلىشتىنلا ئىبارەت.

بىز دارۋىن مېدىتسىناسىنى هازىرقى زامان خۇراپىيلىقى قىلىۋېلىپ، مۇنتىزىم نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارشى تۇرۇشقا قوشۇلمايمىز. بىزنىڭ بەزى ئىدىيىمىزنىڭ سالامەتلىكنى ساقلاش سىياسىتى ۋە مۇھىت سىياسىتى تۇزىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن زور ئەھمىيىتى بار دەپ ئىشىنىسەكمۇ، مەقسىتىمىز سىياسەت توغرىسىدىكى تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس.

بىز مەزكۇر كىتابتىكى ئۈچۈرلارنىڭ تېخىمۇ مول، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىشى ئۈچۈن ئالغان مىساللىرىمىزنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، چوڭقۇر ۋە مەزمۇنلۇق بولۇشىغا تىرىشتۇق. نۇرغۇن دوختۇرلارغا بۇ خىلدىكى سوئاللارنىڭ قويۇلغانلىقىنى بىلىمىز، ئۇلار ئەپسۇسلانغان هالدا مۇنداق جاۋاب بەردى: بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز تېخى ئىشەنچلىك بولمىغان پەرەز

بولۇپ، ئەستايىدىل سوئال قويغۇچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايمىز، بىز بۇ خىل ھالەتنى ئىمكانقەدەر ئۆزگەرتىشكە تىرىشىمىز ھەمدە كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىغا مەدەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ، تېخىمۇ ئېنىق ھەم بىرقەدەر ئوڭاي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يولدۇر. كىتابتا تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتىنى قانداق تەكشۈرۈشنىڭ سىستېمىلىق ئۇسۇللىرى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. لېكىن تەكشۈرۈش توغرىسىدا خېلى كۆپ مىساللار بار.

بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ تازا پىشىپ يېتىلمىگەن بۇ كىتابتا پەقەت ئازسانلىقلارنىڭ مېدىتسىناغا ئائىت تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسى توغرىسىدىكى ئانچە مۇئەييەنلەشمىگەن بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىزنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مېدىتسىنا غايەت زور ساھەگە ئايلاندى، ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىر كىچىك قىسمىنىلا ئىگىلىيەلەيدۇ. ئىچكى بۆلۈمگە ئوخشاش بۇ خىل چوڭ كەسىپمۇ تېز سۈرئەتتە تېخىمۇ مەخسۇسلاشقان كەسپىي بۆلۈملەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. مەسىلەن، يۈرەك ئىچكى بۆلۈمى، نەپەسلىنىش ئىچكى بۆلۈمى دېگەنگە ئوخشاش. ھەربىر تارماق تېخىمۇ كەسىپلەشكەن مەخسۇس تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ كىتابتا بۇنداق دائىرىسى شۇنچە كەڭ تېمىنى تەتقىق قىلسا يۈزەكى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، چاكىنا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز. شۇڭا كىشىلەرنى خاتا يولغا باشلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىزنىڭ ئانچە توغرا بولمىغان تەرەپلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دارۋىن مېدىتسىناسىغا تولۇق نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، بىزنىڭ ئاتالمىش تەۋەككۈلچىلىكىمىز بەلكىم ئەرزىيدىغاندۇر. ئوقۇرمەنلەر بەدىنىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە بەزى بىنورمال ئەھۋاللار ئۈستىدە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىگە بولغان چۈشەنچىلەردىن بىر خىل ھوزۇر ئالالايدۇ.

# مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز** .......................................... 1
**بىرىنچى باب** كېسەل بولۇشنىڭ سىرى .................. 1
**ئىككىنچى باب** تەبىئىي تاللىنىشتىن پەيدا بولغان تەدرىجىي
تەرەققىيات ........................ 18
**ئۈچىنچى باب** يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ بەدەن بەلگىلىرى ۋە كېسەللىك
ئالامەتلىرى .............................. 42
**تۆتىنچى باب** ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى··· 80
**بەشىنچى باب** جاراھەت ........................................ 109
**ئالتىنچى باب** يېگى، كونا ھەممىلا يەردە ئۇچرايدىغان توكسىن··· 127
**يەتتىنچى باب** گېن ۋە كېسەللىك: كەمتۈكلۈك، چەكتىن چىقىپ كېتىش
ۋە مۇرەسسە ...................................... 152
**سەككىزىنچى باب** قېرىش ياشلىق دەۋرىدىكى تولۇپ ـ تاشقان كۈچ ـ
قۇۋۋەتكە تۆلىگەن بەدەل......................... 180
**توققۇزىنچى باب** تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تارىختىن قېپقالغان
مەسىلىلەر ........................................ 206
**ئونىنچى باب** مەدەنىيلىك كېسەللىكى ....................... 236
**ئون بىرىنچى باب** ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە .................... 261
**ئون ئىككىنچى باب** راك كېسەللىكى ......................... 284
**ئون ئۈچىنچى باب** جىنس ۋە كۆپىيىش ....................... 304
**ئون تۆتىنچى باب** روھىي كېسەللىكمۇ كېسەللىك ھېسابلىنامدۇ؟······· 348
**ئون بەشىنچى باب** مېدىتسىنانىڭ كەلگۈسىگە نەزەر ............ 396
**خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن** دارۋىن مېدىتسىناسى: كېيىنكى زامانىۋى
مېدىتسىنا ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ............... 424

# بىرىنچى باب كېسەل بولۇشنىڭ سىرى

بىزنىڭ شۇنچە تۇجۇپىلەپ لايىھىلەپ، ئەپچىللىك بىلەن يارىتىلغان بەدىنىمىزدە، نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئاجىزلىقلار ساقلىنىپ بىزنى كېسەللىك ئازابىغا يولۇقتۇرىدۇ؟ تەبىئىي تاللىنىشتىن ئىبارەت تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى كۆز، يۈرەك، چوڭ مېڭە قاتارلىقلارغا ئوخشاش شۇنچە نازۇك ئەزالارنى ياسىغان يەردە نېمە ئۈچۈن يىراقنى كۆرەلمەسلىك، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ۋە قېرىنلاردىكى دېۋەگۈلىككە ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىغان؟ گەرچە بىزنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىمىز بىرقانچە مىليون خىل غەيرىي ئاقسىللارنى پەرق ئەتسىمۇ ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلسىمۇ، كىشىلەر يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولىدۇ؟ گەرچە، بىر قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنىڭ DNA سىنىڭ قوش بۇرمىلىق تۇزۇلۇشكە ئىگە مىلياردلىغان ھۇجەيرىلىرىنىڭ لايىھىلىنىش نومۇرلىرى ئىنتايىن ئىشەنچىلىك خاتىرىلىنىسىمۇ، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن يېڭى بىر بارماق ئۆسۈپ چىقىپ زەخىملەنگەن ياكى مېيىپ بولغان قولنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ؟ بىز 100 ياشقىچە ياشىيالايمىزيۇ، نېمە ئۈچۈن 200 يىل ياشىيالمايمىز؟ ئىلىم - پەن بىزنى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بەزى كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بارغانسېرى كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئادەم نېمە ئۈچۈن كېسەل بولىدۇ، دېگەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. بىز مايىنى كۆپ

بېسە يۈرەك كېسەللىكى قوزغايدىغانلىقىنى، ئاپتاپقا قاقلانسا تېرە راكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن مايلىق تاماقلارنى ياخشى كۆرىمىز، ئاپتاپقا قاقلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بەدىنىمىز توسۇلۇپ قالغان قان تومۇرلارنى راۋانلاشتۇرالمايدۇ ۋە قۇياش نۇرى زەخىملەندۈرگەن تېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ؟ كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشى نېمە ئۈچۈن جاراھەت پەيدا قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش ئاساسەن دېگۈدەك زەخىملىنىش پەيدا قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مىليونلىغان يىللار ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بىز يەنىلا زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىغا ئۇچرايمىز؟

ئالدىمىزغا قويۇلغان مېدىتسىنا سىرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان تېپىشماققا ئوخشاش مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى يەغىنچاقلىغاندا، بىزنىڭ شۇنداق نازۇك ئورگانىزمىمىزدىكى ئەزالاردا يەنە نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كېلىشمەسلىك ۋە ئاجىزلىقلار بولىدۇ؟ لايىھىلەشتىكى ماداراچىلىق ۋە مۇرەسسەچىلىكلەر كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بۇ سىرلار چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغان بىر يۈرۈش مەسىلىلەرگە ئايلانغان. نېمە ئۈچۈن دارۋىن تەلىماتىنىڭ نۇقتىلىق نەزەرىيىسى بولغان تەبىئىي تاللىنىش تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىزنى ئوڭايلا كېسەلگە گىرىپتار قىلىدىغان گېنلارنى بىر - بىرلەپ تازىلاپ چىقىرىۋەتمىگەن؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى زەخىملەندۈرۈشكە تامامەن قارشى تۇرالايدىغان، ئەسلىگە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قېرىلىقنى يوقىتىدىغان گېنلارنى تاللاپ بەرمىگەن؟

«تەبىئىي تاللىنىش ھەممىگە قادىر ئەمەس» دېگەن بۇ ئاددىي كۆزقاراش ئومۇمەن ئالغاندا ئانچە توغرا ئەمەس. ئۇنداق بولسا، توغرا جاۋاب نېمە؟ ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىزنىڭ تېنىمىزنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر توجۇپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مادارا تۈسىنى ئالغان لايىھە ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي چۈشىنىۋالىدۇ.

تېنىمىزدىكى ئەڭ ئاددىي قۇرۇلمىنىڭ لايىھىلىنىشىمۇ ئىنسانلارنىڭ

مەدەنىيىتى ئېرىشكەن سەۋىيىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پۇت ـ قولىمىزدىكى ئۇزۇن سۆڭەكلەرنى مىسالغا ئالساق، ئۇلارنىڭ ئىچى كاۋاك تۇرۇبىسىمان تۈزۈلۈشى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئەڭ يەڭگىل دەرىجىگە چۈشۈرىدۇ، ماتېرىيالنى تېجەش ئاساسىدا، ئەڭ يۇقىرى كۈچلۈكلۈك ۋە ئېلاستىكىلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى ئىچى كاۋاك پولات تۇرۇبىغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. مەخسۇس ۋەزىپە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆڭەكلەر تېخىمۇ چېۋەرلىك بىلەن لايىھىلىنىپ، ئۆز فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان شەكىلگە كىرگەن. يەنى ئوڭاي زەخىملىنىشكە ئۇچرايدىغان ئىككى ئۇچى قېلىنلاشقان، مۇسكۇلنىڭ پىشاڭلىق رولىغا ماس كەلگەن ئورۇنلىرى مۇستەھكەملىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تومپىيىپ چىققان، بۇ خىل سۆڭەكتە يۇمران نېرۋا ۋە قان تومۇرلار ئورۇنلىشىدىغان ئېرىقچىلار پەيدا بولغان، كۈچەيتىشكە توغرا كەلگەندە قېلىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئەگەر سۇنۇپ كېتىپ قالسا تېخىمۇ كۆپ سۆڭەك ماددىلىرى چۆكمە بولۇپ يىغىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى كاۋاك بوشلۇقىمۇ يېڭى قان ھۈجەيرىلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان بۆشۈك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بىئولوگىيە كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئەگەر توڭلاتقۇ چوڭلۇقىدا بىر سۈنئىي بۆرەك ياساپ چىقسا، ئۇ تەبىئىي بۆرەك فۇنكسىيىسىنىڭ ئاران ئاز بىر قىسمىنى ئورۇندىيالايدۇ. يەنە، سۈپىتى ئەڭ ياخشى سۈنئىي يۈرەك كلاپاننى ئالساق، ئۇ ئاران بىرقانچە يىل بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم ئېچىلىپ ـ يېپىلغاندا بىر قىسىم قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىنى مىجىپ پارچىلىۋېتىدۇ. تەبىئىي يۈرەك كلاپانى بولسا ئۆمرىدە يۇۋاشلىق بىلەن 2 مىليارد 500 مىليون قېتىم ئېچىلىپ ـ يېپىلىدۇ. چوڭ مېڭىمىزنى ئالساق، تۇرمۇشىمىزدا ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەيدۇ، بىرقانچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بىر سېكۇنتتا قالماي ئەسكە ئېلىپ بېرىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىيىتى چوڭ مېڭىدەك ھېسابلاش سۈرئىتى شۇنچە تېز، ئەستە قالدۇرۇش زاپاس مىقدارى شۇنچە يۇقىرى بولغان ھېسابلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلالىغىنى يوق.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook